ساهابىلەر ھاياتىدىن

# ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ
# (ئۈممەتنىڭ ئەمىنى)

خالىد مۇھەممەد خالىد

تارقاتقۇچى:
www·islamyoli·net

رەسۇلۇللاھ قولىدىن تۇتۇپ:

«ھەر ئۈممەتنىڭ بىر ئەمىنى بار، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەمىنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ» دېگەن بۇ زات كىم؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «زات سەلاسىل» ئۇرۇشىدا ئەمر ئىبنى ئاسقا ياردەمگە ئەۋەتكەن، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ بىرگە بولغاندا ئەسكەرلەرگە ئەمىن تەيىنلىگەن بۇ زات كىم..؟

تۇنجى قېتىم «ئەمىرۇل ئۆمەرا» (ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى) دېگەن نامغا ئېرىشكەن بۇ ساھابە كىم..؟!

بويى ئېگىز، بەدىنى ئورۇق، يۈزى يادىگغۇ، شالاڭ ساقاللىق، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بۇ كىشى كىم..؟؟

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاخىرقى نەپەسىدە ئۇنىڭ ھەققىدە: «ئەبۇ ئۇبەيدە ھايات بولسا ئىدى ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىن قىلاتتىم. رەببىم سورىسا ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمىنى بولغان كىشىنى خەلىپە تەيىن قىلدىم دەيتتىم» دېگەن بۇ كۆچلۈك، ئىشەنچىلىك كىشى كىم..؟؟

بۇ ئەبۇ ئۇبەيدە ... ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەرراھتۇر.

ئۇ، رەسۇلۇللاھ ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئەبۇ بەكرىنىڭ يول كۆرستىشى بىلەن ئىسلامنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ھەبەشستانغا (ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلغۇچىلار بىلەن) ھىجرەت قىلغان. ھىجرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ بىلەن بەدر، ئۇھۇد ۋە باشقا چوڭ غازاتلاردا بىللە بولغان. رەسۇلۇللاھنىڭ

ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرىنىڭ، كېيىن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن ئايرىلمىغان.

دۇنياغا كۆڭۈل بۆلمىگەن، زوھدى ۋە تەقۋا، ئامانەتدار بولۇپ دىنغا سادىق بولغان.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەسۇلۇللاھقا «ھاياتىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىدىغانلىقىغا» بەيئەت قىلغاندا «ئاللاھ يولىدا» دېگەن سۆزنىڭ قانداق مەنادا ئىكەنلىكىنى غايەت ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇ يولدا قىلىشقا تېگىشلىك پىداكارلىق ۋە كۈرەشنى ئەڭ مۇكەممەل ۋە توغرا ئۇسۇلدا پىلانلايدىغان قابىلىيەت ۋە ئىستىدادقا ئىگە ئىدى.

رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلغان كۈنىدىن ئېتىبارەن بىردىنبىر ئارزۇ ئۈمىدى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ھەق جايىدا ئادا قىلىش ۋە بۇ يولدا كېچە ـ كۈندۈز ھەرىكەت قىلىپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۆزىنى بۇ يولدىن توسۇپ قالىدىغان ھەرقانداق بىر كۈچكە پۇرسەت بەرمەيتتى. ساھابىلەر ئادا قىلغان بۇ «ئەھدى» نى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا بۇ شەرەپلىك ئۇنۋاننى بېرىپ ئۇنىڭ ھەققىدە:

بۇ ئۈممەتنىڭ ئەمىنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر دېگەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالاھىدىلىكى بولسا ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىدۇر. ئۇھۇد ئۇرۇشى ئەسناسىدا مۇشرىكلەرنىڭ ئاساسى مەقسىتى غەلىبە قىلىش ئەمەس، پەقەت رەسۇلۇللاھنى ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇرۇش جەريانىدا رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا تۇرۇپ قېلىچ بىلەن بۇتپەرەسلەرنى چېپىپ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى قولىدىن كېلىشىچە رەسۇلۇللاھقا يېقىن كەلتۈرمەسلىككە غەيرە قىلغان ئىدى.

ئۇرۇش تازا قىزىپ كەتكەن بىر چاغ ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئۇ مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ رەسۇلۇللاھنى قوغداۋاتاتتى. كۆزى رەسۇلۇللاھتىن يىراق بولمايتتى. مۇشۇ ھالەتتە مۇشرىكلاردىن بىرسىنىڭ رەسۇلۇللاھقا ئوق ئاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا بولسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھقا ئۇلاشتى... ئەمما يېتىشەلمىدى.. رەسۇلۇللاھ مۇبارەك يۈزىدىن

قان ئېقىۋاتاتتى... رەسۇلۇللاھ بىر تەرەپتىن قانىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ يەنە بىر تەرەپتىن:

«ئاللاھقا دەۋەت قىلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ يۈزلىرىنى قانغا بويىغان بىر قەۋم قانداقمۇ نىجات تاپار..؟؟» دەيتتى.

رەسۇلۇللاھنىڭ قالقان ئۈچۈن بېشىغا كىيگەن ساۋۇتىغا ئىككى پاي ئوق تېگىشى بىلەن ياناقلىرىغا كىرىپ مۇبارەك يۈزىنى قاناتقان ئىدى.. بۇنى كۆرۈپ ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ سەۋرى تېشىپ كەتتى...

رەسۇلۇللاھقا يېقىن كەلدى.. ئۇدۇل چىشى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدىن ساۋۇتنىڭ ھالقىسىنى چىقاردى... بۇ ۋاقىتتا بىر چىشى چۈشۈپ كەتتى. يەنە بىر ھالقىنى چىقىرىشتا يەنە بىر چىشى چۈشۈپ كەتتى...

بۇ ۋەقەنى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى بەك گۈزەل تەسۋىرلەيدۇ:

«ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھقا ئوق تېگىپ ساۋۇتنىڭ ئىككى ھالقىسى يانىقىغا كىرىپ كەتكەندە، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشكە باشلىدىم.. بۇ ئارىدا بىر ئادەمنىڭ ئۇچار قۇشتەك رەسۇلۇللاھ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىچىمدە بۇ كىشىنىڭ دوستى بولۇش ئۈچۈن دۇئا قىلدىم... رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كەلگەندە بۇ كىشىنىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ مەندىن بۇرۇن ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ماڭا: ئى ئەبۇبەكرى ئاللاھ ھەققى ئۈچۈن رۇخسەت قىل ھالقىلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىدىن مەن چىقىراي دېدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇتتۇر چىشى بىلەن ھالقىنى چىقاردى. ھالقا بىلەن جىسمۇ يەرگە چۈشتى. كېيىن يەنە بىر ھالقىنى ئوخشاش چىقاردى. يەنە بىر چىشىدىنمۇ ئايرىلدى».

ئەبۇ ئۇبەيدە چىشى يوق بىر زات ئىدى.

ساھابىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۆپىيىپ كەتكەن كۈرەش تازا قىزىۋاتقان كۈنلەردىمۇ ئەبۇ ئۇبەيدە راستچىللىق ۋە ئامانەتكارلىقنى ساقلاپ كەلدى.

رەسۇلۇللاھ ئۈنى 310 نەچچە كىشىگە ئەمىر قىلىپ «خەبەت» غازىتىغا ئەۋەتكەن ئىدى. يېنىدا بىر خالتا خورمىدىن باشقا يەيدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. ۋەزىپە ئېغىر، يول ئۇزۇن ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە بۇيۈك بىر غەيرەت ۋە مۇستەھكەم بىر ئىرادە بىلەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ۋە ئەسكەرلىرى ئۇزۇن يولنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى. يېيىش ئۈچۈن ھەربىر ئەسكەرگە بىر چاڭگال خورما تەقسىم بولاتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن خورما ئازلاپ

كەتتى. ھەربىر كىشىگە كۈندە بىر خورما تەقسىم بولۇشقا باشلىدى. كېيىن خورما پۈتۈنلەي تۈگىدى. بۇ ۋاقىتتا دەرەخ غازاڭلىرى ۋە سۇ بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ قېتىمقى غازات «خەبەت» (غازاڭ) غازىتى دەپ ئاتالدى.

ئاشلىق ۋە يوقسۇللۇققا پەرۋا قىلماستىن يوللىرىنى داۋام قىلدۇراتتى. بىردىنبىر مەقستى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزلىرىگە يۈكلىگەن بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى كۈچلۈك قوماندانلىرى بىلەن بىرگە توغرا ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى.

رەسۇلۇللاھ «ئۈممەتىنىڭ ئەمىنى» ئەبۇ ئۇبەيدىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭ دەلىلى بەك كۆپتۇر.

بىر كۈنى نەجراندىن بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار كەلدى. رەسۇلۇللاھتىن ئۆزلىرىگە قىرائەت ئۆگىتىپ قويىدىغان بىر كىشى تەلەپ قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا: «سىلەر بىلەن بىرگە ئەمىن، ھەقىقەتەن ئەمىن، ھەقىقەتەن ئەمىن بىر كىشىنى ئەۋەتىمەن» دېگەن ساھابىلەردىن ھەربىرسى بۇ سانغا ئۆزلىرىنىڭ ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىسىمۇ بۇ شەرەپ ئۆز ئىگىسىگە نائىل بولدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر بولۇشنى پەقەت ئارزۇ قىلمايتتىم. پەقەت بىر كۈنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئەمما ئۇ كۈنى ئەمىر بولۇشنى ئارزۇ قىلدىم. پېشىن نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسجىتكە كەلگەن ئىدىم، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىماملىقىدا ناماز ئوقۇدۇق. رەسۇلۇللاھ سالام بەردى. سالامدىن كېيىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قاراپ بىرىنى ئىزدەيتتى. مېنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىغا كەلدىم.

ئۇ يەنە ئىزدەيتتى. كېيىن ئەبۇ ئۇبەيدىنى كۆردى. ئۇنى چاقىرىپ: ئۇلار بىلەن بىرگە بارغىن، ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلاردا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىل. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇلار بىلەن بىرگە كەتتى».

بۇ ۋەقە ساھابىلار ئىچىدە پەقەتلا ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تەقدىرىگە نائىل بولغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ بولسا بۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

پەقەت ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تەقدىرىگە ئېرىشكەن ساھابىلاردىن بىرى بولۇش شەرىپىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا بۇ مەدىنە ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى ئۇبدان ئورۇنلىيالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئۇچۇق دەلىلىدۇر.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەسۇلۇللاھ زامانىدا ئەمىن بولغانغا ئوخشاش ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئەمىن بولۇپ ياشىدى. ۋەزىپىسىنى ئىشەنچ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇراتتى. شۇنداقلا بۇ ئەمىنلىك يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارغا تەقسىم قىلىنسا ھەممىسىگە كۇپايە قىلاتتى.

ئىسلام بايرىقى ئاستىدا مەيلى ئەسكەر، ئەمما پەزىلەت ۋە جاسارىتى بىلەن ئەمىرگە ئوخشاش، مەيلى ئەمىر، ئەمما ئىخلاس ۋە تەۋازۇ بىلەن خۇددى بىر ئەسكەرگە ئوخشاش كۈرەش قىلىدۇ.

ئىسلام قوشۇنلىرى خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدىكى بۈيۈك بىر ئۇرۇش جەريانىدا خەلىپە ئۆمەرنىڭ خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندانلىقتىن ئېلىپ ئورنىغا ئەبۇ ئۇبەيدىنى قوماندان قىلغانلىق خەۋىرى كەلدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە بۇ خەۋەرنى ئۇرۇش تۈگەپ فەتھى تامام بولغانغا قەدەر خالىد ئىبنى ۋەلىدقا خەۋەر قىلماي يوشۇرۇن تۇتتى.

فەتھى تاماملانغاندىن كېيىن ئەھۋالنى خالىد ئىبنى ۋەلىدقا خەۋەر قىلدى.

خالىد:

«ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن ئى ئەبۇ ئۇبەيدە، بۇنى نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇرۇن خەۋەر قىلمىدىڭ». ئۈممەتنىڭ ئەمىنى مۇنداق جاۋاب بەردى.

«سېنىڭ جەڭ قىلىشىڭنى يېرىم يولدا قويۇشنى يامان كۆردۈم. بىز دۇنيادا سەلتەنەت ئۈمىد قىلمايمىز، دۇنيا ئۈچۈنمۇ ئىشلىمەيمىز، ھەممىمىز ئاللاھ ئۈچۈن دوستلار...!!!»

ئەبۇ ئۇبەيدە شامدا ئەمىرۇل ئۇمەرا بولدى. قوشۇنى ئىچىدە سان ۋە قورال جەھەتتە ئەڭ بۈيۈك ئىسلام ئەسكەرلىرى بار ئىدى. بۇ ھالدا ئۇنى يىراقتىن كۆرگەنلەر نورمال بىر ئىنسان، مۇسۇلمانلاردىن ئادەتتىكى بىر كىشى دەپ قارايتتى. شاملىقلارنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدىكى ئىپتىرالارنى ئاڭلىغاندا ئەمىرۇل ئۇمەرا ئۇلارنى يىغىپ مۇنداق نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى...

ئۇنىڭ ھەققىدە ئىپترا قىلغانلار ئۇنىڭ قۇۋۋىتى، ئەزىمىتى ۋە ئامانىتىگە ھەيران قالغانلىقىغا قاراڭ!

«ئى ئىسنانلار...

مەن قۇرەيشتىن بىر مۇسۇلمان.

ئىچىگىزدە قىزىل ياكى ئاق تەنلىكلەردىن تەقۋالىقتا مەندىن پەزىلەتلىك بىرسى بولسا، ئۇنىڭ ئەمرىگە كىرىشكە مەن ھازىر...!!

ئى ئەبۇ ئۇبەيدە ئاللاھنىڭ سالامى سىزگە بولسۇن...

ساڭا بۇنى نېسىپ قىلغان مەدىنىنى ئاللاھ سالسۇن، بۇلارنى ساڭا ئۆگەتكەن رەسۇلۇللاھقا سالام بولسۇن.

قۇرەيشتىن بىر مۇسۇلمان نېمە ئارتۇق، نېمە كەم.

دىنى: ئىسلام

قەبىلىسى: قۇرەيش

ھەممىسى مۇشۇ.

خۇددى ئەمرۇل ئۇمەرا بولغان سان ۋە قۇۋۋەت جەھەتتە ئەڭ بۈيۈك ئىسلام قۇشۇنىنىڭ قوماندانى ئۆزى ئەمەستەك، خۇددى شام دىيارىنىڭ ھاكىمى، ھۆكمىگە بويسۇنىدىغان، بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنىدىغان ئەمەستەك...

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىدە ئادەتتىكى نەرسىلەردەك... ھېسابتا يوق ئىدى..!!

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) شامنى زىيارەت قىلغاندا ئۆزىنى قارشى ئالغانلارغا قاراپ:

— قېرىندىشىم قېنى..؟؟ ـ دېدى.

ئۇلار: قېرىندىشىڭ كىم..؟ دېيىشتى.

— ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، دېدى.

كېيىن ئەبۇ ئۇبەيدە كەلدى. ئۆمەر بىلەن قۇچاقلاشتى... بىرلىكتە ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيدە پەقەت بىر قىلىچ، بىر قالقان، بىر دانە رەھىل بار ئىدى.

بۇنى كۆرگەن ھەزرىتى ئۆمەر:

«سەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نەرسە كېرەك ئالغان بولساڭ»..؟ دەپ سورىۋىدى.

«ئی مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى، بۇلار مېنى ئەبەدى ئىستىراھەتگاھىمغا يەتكۈزىدۇ» ..؟؟ دەپ جاۋاب بەردى.

بىر كۈنى مەدىنىدە ئەمرۇل مۆئمىنىننگە، ئۇنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى يەتكۈزۈلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ھۇشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. كۆزى ياشقا تولۇپ كەتتى...

كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھۇشىنى يىغىپ ئەبۇ ئۇبەيدە ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«ئەگەر قوبۇل بولىدىغان بىر تىلىكىم بولسا ئىدى، ھېچنەرسە تىلىمەي پەقەت بىر ئۆي توشقۇدەك ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھقا ئوخشا كىشىلەرنىڭ بولىشىنى تىلەتتىم»

ئۈممەتنىڭ ئەمرى پارس ۋە رۇملارغا ئوخشاش بۇتپەرەسلەردىن تازىلانغان زېمىن ئۈستىدە ۋاپات بولدى. مۇبارەك جەسىدى بۈگۈن ئوردانىيە تۇپراقلىرى ئاستىدا ياتىدۇ. روھى، شەرىپى، پەرۋەردىگارىدىن مەمنۇن بولغان پەرۋەردىگارىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولغان يەرگە مەڭگۈ يەرلەشتى.

قەۋرىنىڭ مەلۇم ياكى مەلۇم بولماسلىقى بۈگۈن مۇھىم ئەمەس. ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلساق، سېنى ئۇنىڭغا ئېرىشتۈرىدىغان بىر رەھبەرگە ئېھتىياج بولمايدۇ...

چۈنكى پاك بەدىنىنىڭ خۇش ھىدى سېنى ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرىدۇ..!!

تەرجىمە قىلغۇچى: ھاجى ئابدۇلجېلىل